پكولو بلەن پەلسەپە ئۆگنىمەن (1)

# ياق مەن قلمدىم

ئاپتورى: مايكل پىكمەل — توماس بائاس

تەرجىمە قىلغۇچى: ئاقىلە ئۇيغۇر



ئوتتۇرا شەرق تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

UYGUR.COM

پىكولو بىلەن پەلسەپە ئۆگىنىمەن (1)

# ياق مەن قىلمىدىم

## تەرجىمە قىلغۇچى: ئاقىلە ئۇيغۇر



UYGUR.COM

بۇ كىتاب ئوتتۇرا شەرق تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە نەشرىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى. كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈش، بەتكە تىزىش ئىشلىرى ئىستانبۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يىل بەش ياشقا كىرگەن قىزىمىز ئاقىلە ئۇيغۇر تەرىپىدىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تاماملاندى. «تاما-تاما كۆل بولار» دېگەندەك، ھەركۈنى بەش — ئون مىنۇت ۋاقىت چىقىرىپ، بىرەر جۈملە ياكى سۆزنى بولسىمۇ تەرجىمە قىلىپ ۋە كومپيۇتېرغا كىرگۈزۈپ ئاخىرى پۈتتۈردى. بىز ئاتا - ئانىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ بىر ئاي ئىچىدە سەۋرچانلىق بىلەن بالىمىزغا پات-پات ئىشىنى ئەسكەرتىپ تۇردۇق، سۆز - جۈملىلەرنى تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ بەردۇق. بىر ئاي ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلغان بۇ ئەمگەك ئاخىرى كىچىك دوستلارنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن بىر كىتابقا ئايلاندى. بۇ كىچىك قىزىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ يېشىدىكى دوستلىرىغا قىلغان تۇنجى سوۋغىسى بولغاچقا ئۇ ئىنتايىن خۇشال. ھەممىمىزگە خۇشاللىق يار بولغاي!

Akile.Uygur.com

2021- يىلى 5- ئاي، ئىستانبۇل

UYGUR.COM

ئاتا- ئانىلار سەمىگە،


بەش ياشلىق بىر بالىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا ئىككىنچى بىر تىلدىمۇ ساۋاتلىق بولالىشى تامامەن مۇمكىن. بولۇپمۇ 32 تاۋۇش، باش، ئوتتۇرا، ئاخىرقى ھەرپلىرىنى قوشقاندا 144 كە يېقىن ھەرپ شەكلى بولۇپ كېتىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋاتلىق بولغان بىر بالا ئۈچۈن ئىككىنچى بىرتىلى تۈرك تىلى بولسا، پەقەت 15 مىنۇت تامامەن قوشۇپ ئوقۇشنى ئۆگىنىشكە يېتىدۇ. ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلى بولغان بالىلارنىڭ تىلى ئىنتايىن ئەۋرىشىم بولىدۇ، ھەرقانداق تىلغا ئاغزى كېلىدۇ، نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى بىزدە بەزى تىللاردا يوق بولغان «غ، ژ، ق، ڭ...» تاۋۇشلىرى بار. بۇ ھەرپلەرنىڭ رولىنى ھەرگىز سەل چاغلىماڭ، ئەگەر بۇ ھەرپلەرنى بىلمىسە، ياكى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسا بالىلار «قۇرئان» دېيەلمەي «كۇرئان»، «ياڭاق» دېيەلمەي «ياناك»، «قوغۇن» دېيەلمەي «كاۋۇن» دەپ چوڭ بولىدۇ.

بالىلارنىڭ تەلەپپۇزى قانچە توغرا ۋە ئېنىق بولسا تەسەۋۋۇرى، تەپەككۇرى شۇنچە جانلىق بولىدۇ، بۇ ئەقلى روشەن بولىدۇ، دېگەنلىك. شۇنداقلا بىلگەن بالىنىڭ تېخىمۇ بىلگۈسى كېلىدۇ، بىلگەنسېرى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاجىز، مىسكىن ئەمەس، بەلكى مەغرۇر ۋە جانلىق تۇتالايدۇ، قىسقىسى ئۆزىنى ۋە تەۋەلىكىنى بىلىپ چوڭ بولىدۇ.

بىزدىكى نۆۋەتتىكى مەسىلە دەل شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، چەتئەللەردە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ قايسى توپقا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ-دە، كۆزىنى يۇمۇپلا ئۆزىنى قايسى توپ جەلپ قىلسا شۇنىڭغا بېشىچىلاپ ئاتىدۇ، ئەمما ئۆمۈر بويى توشمايدىغان بىر بوشلۇقنى ھېس قىلىدۇ. مانا بۇ بوشلۇق دەل بىز جان دىلىمىز بىلەن قوغداشقا تىرىشىۋاتقان مىللى مەۋجۇتلۇق، يەنى ئۆزلۈك ئېڭىمىزدۇر، ئۇيغۇرلۇقىمىزدۇر. ئۇيغۇر بولۇش- ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرچە سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىشنى بىلىش، قىسقىسى ئىشلىتىشنى بىلىشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر. مىللى مەدەنىيىتىمىزنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يوللىرىدىن بىرى بالىلىرىمىزغا ئۇيغۇرچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىتىش، ۋە ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلىتىشكە يېتەكلەشتۇر. ئۈمىدىمىز بالىلاردا....



ئۇ بىر چارشـــەنبە كۈنى ئىدى. ئۇ كۈنى مەكتەپتە دەرس يوق ئىدى ۋە ھاۋامۇ ناھايىتى ياخشـــى ئىدى. پىكولو مۇشـــۈكى بېرگاموت بىلەن باغچىدا توپ ئويناۋاتاتتى، ئۇنىڭغا توپنى ئاتاتتى ۋە ئۇنىڭمۇ توپنى ئۆزىگە ئېتىشىنى كۈتەتتى. بېرگاموت بولسا توپنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا ئامراق ئىدى.






پىكولو توپنى تۇيۇقسىز تىزلىكتە يىراققا ئاتتى. توپ باغچىدىكى كىچىك پارنىكنىڭ دېرىزىسىگە تەگدى ۋە ئۇنى چېقىۋەتتى. جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دادىسى پارنىكتىن، ئاپىسى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.



- نېمه بولدى؟ نېمه ئاۋاز بۇ؟ - دەپ سوردى ئاپسى ئەندىشە بلەن.
- مېنىڭچە بىزنىڭ پىكولو ئەينەكنى چېقىۋەتتى، - دەپ جاۋاب بەردى دادىسى.

www.uyghurkitap.com



- ياق مەن قىلمىدىم! - دەپ زارلىدى پىكولو.
- ئەلۋتتە سەن قىلمىدىڭ! — دېدى ئانىسى. - ئەمما بۇ دېرىزە ئۆزلىكىدىن چېقىلىپ كەتمەس.
- مەن قىلمىدىم دېدىمغۇ!- دەپ تەكرارلىدى پىكولو.
- ئۇنداقتا دېدى دادىسى، - ئۆزۈڭنى بېسىۋال ۋە بىزگە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەر.



- توپنى ئويناۋاتقان بىرگاموت ٴىدى! - دەپ جاۋاپ بەردى پىكولو.
- ھىم! - دېدى دادىسى ھەييارلىق بىلەن كۆلۈمسىرەپ.
- ٴەگەر ٴەينەكنى چاققان بىرگاموت بولسا، ئۇنداقتا بىرگاموتنى جازالىشىمىز كېرەك.
- ياق! - دەپ ۋارقىرىدى پىكولو. - بىرگاموت ياخشى. ئۇنى جازالىشىڭنى خالىمايمەن. ھەم بۇ ئۇنىڭ خاتالىقى ٴەمەس!




- ئۇنداقتا بىزگە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەر.
- ھىم ... پىكولو چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. - ئىككىمىز باغچىدا توپ ئويناۋاتقان ئىدۇق... بىرگاموت توپنى تۇتالماي قالدى ۋە... توپ ئەينەكنى چېقىۋەتتى.



- پىكولو بالام، - دېدى ئاپىسى، - ئەگەر توپنى ئاتقان سەن بولساڭ، نېمشقا دېرىزىنى چاققۇچىنىڭمۇ سەن ئىكەنلىكىڭنى ئېيتمايسەن؟ ئەنسىرىمە، بۇنداق كىچىك خاتالىقلار ھەركىمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. يالغان سۆزلىشىڭگە كېرەك يوق!...

www.uyghurkitap.com



- يالغان سۆزلىمىدىم. - دەپ يىغلاشقا باشلىدى پىكولو. - مەن قىلمىدىم، چۈنكى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىدىم. توپنىڭ خاتالىقى! قەستەن قىلمىدىم، دېدىمغۇ ساڭا!



دادىسى كۆلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. پىكولونىڭ چاچلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى. ئانىسى پىكولونىڭ خاتالىقىنى تونۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

- ياق، پىكولو! - دېدى ئاپىسى! - بىلىپ ياكى بىلمەي قىلىشىڭنىڭ بىر پەرقى يوق. توپنى ئاتقان سەن بولساڭ، دېرىزىنى چاققانمۇ سەن بولىسەن. بىزگە راست گەپ قىلساڭ ۋە بۇزۇلغاننى تۈزەشكە ياردەملەشسەڭلا بولىدۇ.



پىكولونىڭ كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياشلار تۆكۈلدى. پىكولو ئاپىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئېسەدەپ تۇرۇپ :

- توپنى بەك تېز ئاتتىم ۋە دېرىزىنى چېقىۋەتتىم، - دېدى.



- مېنىڭ سۆيۈملۈك پىكولوم، راست گەپ قىلىش ھەرۋاقىت ئەڭ ياخشى ئىش. بىر خاتا ئىش قىلغاندا، چوقۇم خاتالىقىڭنى تونۇشۇڭ ۋە چوڭلارغا ئېيتىشىڭ كېرەك. بۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرەلەمسەن ؟
- ھەئە !



- تېز بول، دېدى ئاپىسى، - يۇگۇر ۋە ئەخلەت چېلەكنى بىلەن گۈرجەكنى ئەكەل. داداڭ ئەينەك پارچىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتىدۇ.



ئاندىن، پىكولو كەينىگە ئۆرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئاپىسى قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

- بۇ يەردە قاراپ تۇرما! ناشتىلىق ئۈچۈن تورت سېلىۋاتقان ئىدىم، كېلىپ ماڭا ياردەملەشكىن. شۇشش. ..

دادىسى دېيىلىۋاتقان گەپ- سۆزلەرگە قۇلاق سالدى.

- بىرنەرسە دېدىڭلارمۇ؟

- ياق، ياق، - دېدى ئاپىسى. - مەن پىكولوغا نەسىھەت قىلىۋاتىمەن...



- سەن تورت خېمىرىنىڭ ئۈستىگە گىلاسلارنى تىزغىن، - دېدى ئاپىسى.

پىكولو گىلاسلارنى قولىدىن كېلىشىچە ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە تىزدى. ئاندىن ئاپىسى تورتنى دوخوپكىغا سالدى.



تورت پىشتى. ئاپىسى، پىكولونىڭ دادىسىنىڭ باغچىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئىسقىرتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

- چاپســـان بول، - دېدى ئاپىســـى، - ئۇنى يوشـــۇرۇپ قويايلى! داداڭنى بىر ھەيران قالدۇرايلى.



- پاھ، بۇ يەر ئەجەپ مېزلـك پۇراپ كېتپتۇغۇ، - دېدى دادسى.

ئاپسى پكولوغا كۆز قسسپ تۇرۇپ:

- خوشنمز پچنه پشۇرغان ئوخشايدۇ، - دېدى.



- ياق! - دەپ توۋلىدى پىكولو. - چوڭ بىر يالغان گەپقۇ بۇ، - دېدى ۋە ئارقىدىنلا دادىسىغا مېزىلىك تورتنى كۆرسەتتى، ھەمدە تورتنىڭ ئۈستىدىن بىرتال گىلاسنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.



- بۇ ھەقىقى بىر يالغان ئەمەس، - دېدى ئانىسى. - بۇ پەقەت كۆلۈش ئۈچۈن قىلىنغان بىر چاقچاق... ماقۇل ئۇنداقتا دەپ باقە پىكولو، ماڭا شۇنداق بىلىنىۋاتىدۇ، بۇ تورتىنىڭ ئۈستىدە بىرتال گىلاس كەم تۇرىدىغۇ... سېنىڭچە نېمىشقا؟



- مانا ئۇنى مەن قىلمىدىم! - دېدى پىكولو. شۇنداق دىيەلەيمەنكى بۇ ئاچپاقا بىرگاموتنىڭ بىزگە قىلغان بىر چاقچىقى!

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

**نەشىر هوقۇقى هەققىدە ئەسكەرتىش:**

بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشىرى ئۇيغۇر توربېتىدا ئېلكىتاب سۈپىتىدە ھەقسىز تارقىتىلدى. ھېچقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئەسلى نەشىر ئىگىسى بولغان ئوتتۇرا شەرق تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ۋە تەرجىمە ئاپتورىنىڭ رۇخسىتىسىز بېسىپ تارقىتىشىغا بولمايدۇ.

ئېلخەت ئادرېسى: kitab@uygur.com

**ئۇيغۇر تورى**

UYGUR.COM